بسم الله الرحمن الرحيم

# ئىسلام ئاۋازى گېزىتى

ISLAM AWAZI

ئىسلام ئاۋازى تەشۋىقات بۆلۈمى

55- سان

قوش ھەپتىلىك گېزىت

ھىجرىيە: 1440/04/13

مىلادىيە: 2018/12/21

t.me/@islamavazi t.me/@eserler http://www.muhsinlar.com


## ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي مُوسَى رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ: الرَّجُلُ يُقَاتِلُ لِلْمَغْنَمِ، وَالرَّجُلُ يُقَاتِلُ لِلذِّكْرِ، وَالرَّجُلُ يُقَاتِلُ لِيُرَى مَكَانُهُ، فَمَنْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ؟ قَالَ: «مَنْ قَاتَلَ لِتَكُونَ كَلِمَةُ اللَّهِ هِيَ الْعُلْيَا فَهُوَ فِي سَبِيلِ اللَّهِ».

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رضي الله عنهدىن نەقىل قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹بىر كىشى غەنىيمەت ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىرى نام-ئاتاقتا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، يەنە بىرى ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ. قايسىسى الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ؟› دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹كىمكى اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلسا، ئەنە شۇ الله يولىدا ئۇرۇش قىلغان بولىدۇ› دەپ جاۋاب بەردى».

### ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، مۇجمەل ۋە چۈشىنىكسىز بولغان دىنىي مەسىلىلەر ھەققىدە ئىلىم ئەھلىلىرىدىن پەتىۋا سوراشنىڭ لازىملىقى.

ئىككىنچى، ساھابىلەردە ھەقنى بىلىش ۋە ئىشلارنى ئېنىقلاشتا بەسىيرەت (پاكىت) بىلەن مېڭىشنى تەلەپ قىلىش دېگەندەك خىسلەتلەرنىڭ بارلىقى. دېمەك، بىزلەرنىڭ ساھابىلەرنىڭ مۇشۇ خىسلەتلىرىنى ئۈلگە قىلىشىمىز لازىملىقى.

ئۈچىنچى، نەپسىگە بويسۇنۇشنىڭ خەتەرلىكلىكى. نەپس ئۆز ئىگىسىنى كىشىلەرنىڭ ماختىشى ۋە مەدھىيىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھالاكەتكە سۆرەپ ماڭغاندا، شۇ نەپسىنىڭ چاقىرىقىغا ئەگىشىشتىن ئاگاھ بولۇش لازىملىقى. چۈنكى نەپسىنىڭ بۇ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقاندا، نەپسىنىڭ ئىگىسىنىڭ قىلغان ئەمەلى ۋە ئىبادىتىدىن ئالىدىغان نېسىۋىسى پەقەت «دېيىلىپ بولدى» دېگەندىنلا ئىبارەت بولىدۇ («باتۇر پالۋان» دەپ ئاتىلىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ).

تۆتىنچى، ھەقنىڭ يوللىرىنىڭ بىر بولىدىغانلىقى، باتىلنىڭ يوللىرىنىڭ بولسا ناھايىتى كۆپ بولىدىغانلىقى.

بەشىنچى، مۇجاھىدنىڭ ئۆز نەپسىنىڭ تەمەسىدىن خالىي بولۇشىنىڭ لازىملىقى. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى پەقەت ھەقنى ئالىي قىلىش ۋە ھەققە ياردەملىشىش بولىدىغانلىقى.

ئالتىنچى، ئەمەلنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئۆزئارا ئوخشاپ قېلىشىنىڭ ھەرگىزمۇ ئىچكى نىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئوخشاش بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدىغانلىقى. يەنى ھىجرەت، جىھاد دېگەنلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئوخشاشتەك قىلىسىمۇ لېكىن مەقسىتى ھەر خىل بولىدۇ.

يەتتىنچى، ئاخىرەتلىك ئەمەلنى قىلىپ تۇرۇپ دۇنيالىقنى مەقسەت قىلىشتىن قاتتىق ئاگاھ بولۇش لازىملىقى.

سەككىزىنچى، جىھادنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك بىر ئىبادەت ئىكەنلىكى. بۇنىڭ شەرەپلىك بولۇشىنىڭ سەۋەبى — جىھاد قىلىشتىكى سەۋەبىنىڭ شەرەپلىك بولغانلىقىدا. ئۇ بولسىمۇ اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىشتۇر.

توققۇزىنچى، اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش، اللهنىڭ شەرىئىتىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە تەمكىنلىككە ئىگە قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولىنىڭ قوراللىق جەڭ قىلىش ئىكەنلىكى. مانا مۇشۇ يول ئارقىلىقلا اللهنىڭ كەلىمىسى ئالىي بولالايدۇ.

ئونىنچى، نەپسىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق مەنىۋى ئېھتىياجلىرى بار بولۇپ، نەپسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەنە شۇ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا بەكمۇ ھېرىسمەن بولىدىغانلىقى. مەسىلەن، شۆھرەت، داڭق چىقىرىش، باشقىلارنىڭ ماختىشىنى قولغا كەلتۈرۈش دېگەندەك. بۇ خىل ھېرىسلىقنىڭ ماددىي مەنپەئەتلەرگە ئېرىشىشكە بولغان ھېرىسلىقتىن تۆۋەن بولمايدىغانلىقى. دېمەك، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى نەپسنى ھالاك قىلغۇچى نەرسىلەر ھېسابلىنىدۇ.

ئون بىرىنچى، مۇجاھىدنىڭ «اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش» دېگەن مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆز نىيىتىنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى. خۇددى ئىمام تەھاۋى رحمه الله ئېيتقاندەك بۇ ھەدىستىن شۇنداق پايدا باركى، جەڭ قىلغۇچى مۇجاھىد ئۆزىنىڭ جەڭ قىلغانلىقى بىلەنلا شەھىدلىككە ھەقلىق بولالمايدۇ ھەتتاكى ئۇنىڭ نىيىتى اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش بولمىغانغا قەدەر.

ئون ئىككىنچى، جىھادنىڭ ئىخلاسقا ۋە نىيەتنى ساپلاشتۇرۇشقا موھتاج بولىدىغان بىر ئىبادەت ئىكەنلىكى.

ئون ئۈچىنچى، «فِي سَبِيلِ اللَّهِ» دېگەن بۇ سۆزنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ جىھادى ئارقىلىق اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشىلەرگىلا خاس بولغانلىقى.

ئون تۆتىنچى، ئالىملارنىڭ «قاندىلا بىر كاپىر مۇسۇلمانلار يۇرتىغا بېسىپ كىرسە، شۇ يۇرتتىكى مۇسۇلمانلارغا جىھاد پەرز ئەين بولىدۇ. پەرز ئەين جىھادتا ۋە قوغدىنىش جىھادىدا ھېچقانداق نەرسە شەرت ئەمەس، ھەتتاكى ‹اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش› دېگەن نىيەتنى قىلىشمۇ شەرت ئەمەس» دېگەن سۆزىنى نۇرغۇن كىشىلەر خاتا چۈشىنىۋالغان. ئۇلار «بۇنداق دېگەنلىك — اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىشنى مەقسەت قىلماي، مەسىلەن، دېموكراتىيە، ئىلمانىزم ياكى باشقا نەرسىنى مەقسەت قىلسا دۇرۇس بولىدۇ» دەپ چۈشىنىدۇ. بۇ بىر خاتا چۈشەنچە بولۇپ، يۇقىرىقى ھەدىس ئاشۇ چۈشەنچىگە رەددىيەدۇر. ئالىملار نۇرغۇن كىشىلەر خاتا چۈشىنىۋالغان بۇ سۆزگە: «ئۇنداق دېگىنى، اللهنىڭ كەلىمىسى ئالىي بولۇپ بولغان بىر مۇسۇلمانلار دۆلىتىگە كاپىرلار بېسىپ كىرگەن بولسا، مۇسۇلمانلار ‹اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش› دېگەننى شەرت قىلماي جەڭنى قىلىۋەرسە، ئەمەلىيەتتە اللهنىڭ كەلىمىسى ئالىي بولغان بولۇۋېرىدۇ. شۇڭا اللهنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىشنى نىيەت قىلىشىمىز شەرت ئەمەس» دەپ چۈشەنچە بەرگەن.

«ھازىرقى زاماندا مەيلى دېموكراتىيە ياكى ئىلمانىزم ۋە ياكى مىللەتچى بولسۇن، شۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىر سەپ بولۇپ جەڭ قىلساق دۇرۇس بولىدۇ» دەپ اللهنىڭ كەلىمىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ ياكى بىر كاپىرنىڭ كەلىمىسىنى چۈشۈرۈۋېتىپ يەنە بىر كاپىرنىڭ كەلىمىسىنى تىكلەش ئۈچۈن جەڭ قىلىش — باتىلدۇر» دېگەن مەنىنىڭ چىقىدىغانلىقى.

## دىني ئەھكاملار

### ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «قەلبىدە قىچا چاغلىق ئىمانى بار كىشى دوزاخقا كىرمەيدۇ» (مۇسلىم توپلىغان). ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەدىكىلەر مانا بۇ شەرئىي نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ قىبلە ئەھلىدىن ھېچبىر كىشىنى ھەرقانداق گۇناھ بىلەن كاپىرغا چىقىرىۋەرمەيدۇ. لېكىن ئىماننىڭ يىلتىزى يوقاپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغان گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسا كاپىرغا چىقىرىدۇ. چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ اللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَنْ يُشْرَكَ بِهِ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَلِكَ لِمَنْ يَشَاءُ﴾ «الله ھەقىقەتەن اللهقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ. خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ» (سۈرە نىسا 48- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ يېنىمغا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ شۇنداق خۇشخەۋەر بەردىكى: ‹ئى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام! سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن كىمكى اللهقا شېرىك كەلتۈرمىگەن ھالدا ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ›». مەن: «ئەگەر زىنا قىلسىمۇ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ (كىرەمدۇ؟)» دېسەم، ئۇ: «ئەگەر زىنا قىلسىمۇ، ئوغرىلىق قىلسىمۇ (كىرىدۇ)» دەپ جاۋاب بەردى (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

بۈيۈك ساھابە ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «ئىمان دېگەن — پاكىزلىقتۇر. كىمكى زىنا قىلسا، ئىمان ئۇ كىشىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۆزىگە تاپا-تەنە، مالامەت قىلىپ ئۆزىنى تەكشۈرسە، يەنى قىلغان ئىشىدىن قايتسا، ئىمانىمۇ ئۇ كىشىگە قايتىپ كېلىدۇ (ئىمام لەلكائىنىنىڭ «شرح أصول اعتقاد أهل السنة والجماعة» ناملىق كىتابىدا بايان قىلىنغان).

بۈيۈك ساھابە ئەبۇ دەردا رضي الله عنه مۇنداق دېگەن: «ئىمان گوياكى سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ كۆينىكىگە ئوخشاش بولۇپ، كۆينىكىنى بىر قېتىم سالسا، يەنە بىر قېتىم كىيىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، قاندىلا بىر بەندە ئۆزىنىڭ ئىمانىدىن خاتىرجەم يۈرىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ كىشىدىن ئىمان تارتىلىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئىماننى يوقىتىپ قويىدۇ. يەنى ئىماننىڭ ئۆزىدىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ» (ئىمام لەلكائىنىنىڭ «شرح أصول اعتقاد أهل السنة والجماعة» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

ئۈممەتنىڭ كاتتا ئالىمى ئابدۇللا ئىبنى ئابباس رضي الله عنهنىڭ شۇنداق قىلغانلىقى خەۋەر قىلىنغانكى، ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتكارلىرىنى بىردىن-بىردىن چاقىرىپ مۇنداق دەيتتى: «مەن سېنى ئۆيلەپ قويايمۇ؟ چۈنكى قاندىلا بىر بەندە زىنا قىلىدىكەن، الله ئۇ كىشىدىن ئىماننىڭ نۇرىنى تارتىپ تاشلايدۇ» («فتح الباري» 12- توم 59- بەت).

تابىئىن ۋە مۇپەسسىر ئىكرىمە رحمه الله ئىبنى ئابباس دېگەن ئۇستازىدىن: «ئىمان ئۇ بەندىدىن قانداق تارتىۋېلىنىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئىبنى ئابباس جاۋاب بېرىپ: «مانا مۇنداق تارتىۋېلىنىدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ يەنە چىقاردى. «ئەگەر تەۋبە قىلسا ئىمان يەنە مۇنداق قايتىپ كېلىدۇ» دەپ ئۆزىنىڭ ئىككى بارماقلىرىنى ئۆزئارا گىرەلەشتۈردى (ئىمام بۇخارى توپلىغان).

ئىمام بۇخارى رحمه الله مۇنداق دېگەن: «مەن مىڭدىن ئارتۇق ئالىم بىلەن ئۇچراشتىم. مەيلى ھىجاز ئەھلى بولسۇن، مەيلى مەدىنە، مەككە ئەھلى بولسۇن، مەيلى كۇفەلىك، بەسرەلىك، باغداتلىق بولسۇن، مەيلى شاملىق، مىسىرلىق بولسۇن، ئۇلار بىلەن نۇرغۇن قېتىملاپ ئۇچراشتىم. ھەتتاكى بىر ئالىملار جامائىتىدىن كېيىن يەنە بىر ئالىملار جامائىتى دېگەندەك. 46 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان شۇ يۇرتلاردىكى پۈتۈن ئالىملارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنى كۆردۈمكى، بۇ ئالىملار ئىچىدە 50 تىن كۆپرەك ئالىم (ئىمام بۇخارى مۇشۇ 1000 دىن ئارتۇق ئالىمنىڭ ئىچىدىن 50 دەك ئالىمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئاپتۇ): «دىن (يەنى ئىمان) دېگەن — سۆزدۇر ۋە ئەمەلدۇر» دەيدۇ. سۆز ئۇزىراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، بىز مانا مۇشۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاش بىلەن كۇپايىلەندۇق. مەن ئاشۇ مىڭ نەپەر ئالىمنىڭ بىرەرسىدىن تۆۋەندىكى ئىشلاردا ئىختىلاپ قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. دىن (يەنى ئىمان) دېگەن — سۆزدۇر ۋە ئەمەلدۇر. چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ وَذَلِكَ دِينُ الْقَيِّمَةِ﴾ «ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللهقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللهقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر» (سۈرە بەييىنە 5- ئايەت). ئاندىن ئىمام بۇخارى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى تەپسىلىي بايان قىلىدۇ. (ئىمام لەلكائىنىنىڭ «شرح أصول اعتقاد أهل السنة والجماعة» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

## ھېكمەت دۇردانىلىرى

**1**

كىشىلەرنىڭ كاپىر ياكى مۇئمىنگە بۆلۈنۈشى اللهنىڭ ھۆكمىدۇر: «ئى ئىنسانلار، الله سىلەرنى ياراتتى، سىلەردىن كاپىرلارمۇ بار ۋە مۇئمىنلەرمۇ بار» (سۈرە تەغابۇن 2- ئايەت) شۇڭا ئۈچىنچى بىر خىل ئاتالغۇنى ئىزدەش شەرىئەت بىلەن ئويناشقانلىق بولغىنىدەك، تەبىئەت دۇنياسىغا ھەم چاقچاق قىلغانلىقتۇر.

— شەيخ ئابدۇلئەزىز تەرىفى

**2**

ھەر جايدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غەملىرىگە غەمخان بولۇش، ئۇلارنىڭ ھالىغا نەزەر سېلىش، ئۇلارنىڭ يوللىرىنى توغرىلاپ قويۇش، موھتاجلىرىغا ياردەملىشىش ۋە ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىرىغا ياردەم بېرىش — ھەر زاماندىكى پەيغەمبەر ۋە ئىسلاھاتچىلارنىڭ تۇتقان يولىدۇر شۇڭا سەن ئۇ يولدىن ئۇلتۇرۇۋالمىغىن، ھېچنەرسە سېنى ئۇ يولدىن توسۇپ قويمىسۇن. مانا بۇ — ھەقىقىي يولدۇر.

— شەيخ سۇلايمان ئۇلۋان



# غازاتلار تارىخى



## شەھىدلەرنى بىر يەرگە يىغىش ۋە ئۇلارنى دەپنە قىلىش

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇھۇد شەھىدلىرىنى بىر يەرگە جەملەپ، ئۇلارنى يۇيماستىن كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەنلا دەپنە قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنى بىر قەبرىگە دەپنە قىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن قايسىسى قۇرئاننى كۆپ يادقا ئالغان بولسا شۇنى بالدۇر قەبرىگە قويىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەمزە رضي الله عنەغا ئىچى ئاغرىپ (قايغۇرۇپ) قاتتىق يىغلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەمزە رضي الله عنەنى قىبلە تەرەپكە قويۇپ، ئۇنىڭ جىنازىسى ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ھەمزە رضي الله عنەنىڭ ھەمشىرىسى سەفىيە رضي الله عنها ھەمزە رضي الله عنەغا قارىماقچى بولغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ئوغلى زۇبەيرگە ئانىسىنى قايتۇرۇپ كېتىشنى بۇيرۇدى. سەفىيە رضي الله عنها: «نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەتكۈدەكمەن؟ ماڭا قېرىندىشىمنىڭ جەسىتىنىڭ پارچىلانغانلىق خەۋىرى يەتكەن تۇرسا! نېمە ئىش يۈز بەرگەن بولسا الله يولىدا بولدى. بىز بۇنىڭغا نېمىدەپ رازى بولمىغۇدەكمىز!؟ مەن چوقۇم بۇنىڭغا اللهتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىمەن ۋە ئەلۋەتتە سەۋر قىلىمەن، إن شاء الله!» دېدى.

## بۇ جەڭدىن ئېلىنغان پايدىلار

بىرىنچى، پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشتىن خالىي بولۇش شەرتى ئاستىدا ئاياللارنىڭ جىھادقا قاتنىشىشىنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى.

ئىككىنچى، جىھادتىن سۈسلىشىپ قالغان ۋە چېكىنىشكە تەرەددۇت قىلغان ئەرلەرنى شىجائەتلەندۈرۈشتە ئاياللارنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ دەۋىتىنىڭ چوڭ رول ئوينايدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، ئاياللارنى جىھادقا ئېلىپ چىقىش ياكى چىقماسلىق ئىشەنچلىك جىھادىي ئەمىرلەرنىڭ تەرتىپى بىلەن بولۇشى كېرەكلىكى.

تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن قىزى پاتىمە رضي الله عنها ئوتتۇرىسىدىكى ئاتا ـ بالىلىق رىشتىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە چوڭقۇرلۇقى. شۇڭا پەيغەمبەر ﷺ: «كىمكى پاتىمەنى رەنجىتىدىكەن، مېنى رەنجىتكەن بولىدۇ» دېگەن.

بەشىنچى، ئاياللارنىڭ مۇجاھىدلار بىلەن بىرگە جەڭگە چىقىشىدا، ئۇلارنىڭ مۇجاھىدلارغا ماددىي جەھەتتە ياردەملىشىشى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى.

ئالتىنچى، مۇشرىكلار بىلەن جەڭگە چىققان ئاياللار بىلەن، مۇجاھىدلار بىلەن جەڭگە چىققان ئاياللار ئوتتۇرىسىنى سېلىشتۇرۇشتىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، ئىسلام ئايال كىشىگە «ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىدىغان شېرىكىدۇر» دېگەن ئاساستا مۇئامىلە قىلسا: مۇشرىكلارنىڭ ئاياللارنى ئەرلەرنى قۇترىتىدىغان ۋاستە ۋە مال سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغانلىقى.

يەتتىنچى، جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن مۇجاھىدلارنىڭ جەسەتلىرىنى يوقلاش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ قوماندانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك زۆرۈر ئەخلاقلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىكەنلىكى.

سەككىزىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ سەئد ئىبنى رەبىئە رضي الله عنه دېگەن ئەنسارىغا ئالاھىدە سالام يەتكۈزگەنلىكىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، مەسئۇللارنىڭ ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەش بولسا قوماندانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سەزگۈرلۈك ۋە ئېسىل ئەخلاقلاردىن ئىكەنلىكى.

توققۇزىنچى، سەئد ئىبنى رەبىئە رضي الله عنەنىڭ الله تەرەپتىن بېرىلگەن «جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراش»تىن ئىبارەت كارامەتكە مۇيەسسەر بولغانلىقى.

ئونىنچى، سەئد ئىبنى رەبىئە رضي الله عنەنىڭ ئۆز مىللىتىنى رەسۇلۇللاھ ﷺگە پىدائىي بولۇشتىن ئىبارەت پەخىرنى قولغا كەلتۈرۈشكە قىزىقتۇرغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە روھى «مىللىتىمىز يوقىلىپ كەتمىسۇن، مىللىتىمىز ساقلىنىپ قالسۇن» دەيدىغان تار مىللەتچىلىك ۋە يۇرتۋازلىق خاھىشلىرىدىن ئاللىبۇرۇن ئازاد بولۇپ بولغانلىقى.

ئون بىرىنچى، سەئد ئىبنى رەبىئە رضي الله عنەنىڭ: «قەۋمىمىزنىڭ ئىچىدە كۆزى پىلدىرلاپ تۇرىدىغانلا كىشى بولىدىكەن، رەسۇلۇللاھ ﷺنى زىيان ـ زەخمەتتىن قوغدىشىڭلار كېرەك» دېگەن سۆزىدىن، بۈگۈنكىدەك رەسۇلۇللاھ ﷺنىڭ دەپسەندە قىلىنىغان ئابرۇيى، دىنى ۋە شەرىئىتىنى قايتا تىكلەش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتقان سەممىي ـ سادىق مۇجاھىدلار جامائەسىنى ياردەمسىز تاشلاپ قويغان مىليارد مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ «ئۆزىمىزنىڭ يۇرتىنىڭ جىھادى بولسا قىلىمىز، باشقا مىللەتلەرنىڭ جىھادىغا ئارىلاشمايمىز» دەپ مۇجاھىد قېرىنداشلىرىنى يالغۇز تاشلاپ قويۇۋاتقان ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ تەسىرلىنىشى، لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قەلبلىرىنىڭ قېتىپ كەتكەنلىكى. قاراڭ! سەئد ئىبنى رەبىئەنىڭ قەۋمى بولغان مەدىنىلىك ئەنسارىلار «بىز ئۆزىمىزنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىمىز، بىز ئۆز يۇرتىمىزنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىمىز، نېمىدەپ قۇرەيش مىللىتىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىمىز، نېمىدەپ ئۇلارغا جېنىمىزنى سېلىپ بەرگۈدەكمىز؟!» دېمەستىن، رەسۇلۇللاھ ﷺنى ۋە دىنىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن بىر مىللەتنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇردى.

ئون ئىككىنچى، جەننەتكە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغان ھەقىقىي شەھىد بولۇش ئۈچۈن، مىللەت ۋە ۋەتەن ئۈچۈن ئەمەس بەلكى اللهنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقان بولۇشى شەرت ئىكەنلىكى. چۈنكى ئەمر ئىبنى سابىت رضي الله عنه ۋە قۇزمان دېگەن ئىككى كىشىنىڭ بىرىنىڭ جەننەتتە، يەنە بىرىنىڭ دوزاختا بولۇشىدىن ئىبارەت پەرقلىق ئاقىۋەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئون ئۈچىنچى، مېيىتكە يىغلاشنىڭ تەبىئىي ئىنسانىي تۇيغۇ ئىكەنلىكى. ئىسلام ئىنسانىيلىق دىنى بولۇپ، ھېس ـ تۇيغۇلارنى ئىپادىلەشنى ھارام قىلمايدىغانلىقى لېكىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بۇ ئىپادىلەش نەپسى ـ خاھىش ئاساسىدا ئەمەس بەلكى ھېكمەت ۋە ئەقىل ئاساسىدا بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقى. شۇڭا ئىسلام ئۆلۈم ئالدىدىكى سەلبىي ئىپادىلەشنى ھارام قىلغانلىقى. چۈنكى بۇنداق ئىپادىلەشتە پىسخىكىۋي زىيانلار بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە بەندە بىلەن بەندىنىڭ رەببى ئوتتۇرىسىدىكى ئىمانىي ھېس ـ تۇيغۇلارغا مەلۇم زىيانلار باردۇر.

ئون تۆتىنچى، پەيغەمبەر ﷺنىڭ قۇرئاننى كۆپ يادلىغانلارنى ئاز يادلىغانلاردىن ئۈستۈن كۆرۈشى — قۇرئاننى كۆپ يادلىغانلارنىڭ ئاز يادلىغانلاردىن ئالىمراق بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكى. چۈنكى ئۇ زاماندىكى قۇرئان يادلىغان ئۆلىمالار قارىلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى قۇرئان تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىس ئەھكاملىرىنى بەكرەك چۈشىنەتتى.

# پەرقلەر تارىخى



## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

### ئۇلارنىڭ بەشىنچى سۈپىتى — ئەھدىلەرگە ۋە ئامانەتلەرگە خىيانەت قىلىش ۋە سەل قاراش

خاۋارىجلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇلار ئەھدىلەرگە ۋە ئەھدىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە رىئايە قىلمايدۇ. ئەھدىلەرگە خىيانەت قىلىش — ئۇلارنىڭ ئايرىلماس سۈپىتىدۇر. شۇڭا ئۇلار ئەھدە ۋە ئامانەتلەرنىڭ ھۆرمىتىگە رىئايە قىلغاندىن كۆرە، تۆكۈش ھارام بولغان قاننى تېخىمۇ تېزراق تۆكىدۇ. ئۇلار ھارام قاننى تۆكۈشكە بەك ھېرىستۇر: شەرىئەتتە قوغدىلىدىغان ئىززەت، ھۆرمەت ۋە نومۇسلارغا تاجاۋۇز قىلىشقا ھېرىستۇر. چۈنكى الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: «پاسىقلار الله ۋەدە ئالغاندىن كېيىن بەرگەن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ. الله ئۇلاشقا بۇيرۇغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە ـ رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر» (سۈرە بەقەرە 27 ـ ئايەت).

ئىمام قۇرتۇبى «تەپسىر قۇرتۇبى»دا بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: [سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنەنىڭ ئوغلى مۇسئەبتىن نەقىل قىلىنىپ، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن دادام (يەنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه)دىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى توغرىلىق سورىغىنىمدا، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: <بۇ ئايەتتە دېيىلگىنى ھەرۇرىيەلەر (يەنى خاۋارىجلار)دۇر>». سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رضي الله عنه قەسەم قىلىپ: «ئۆزىدىن باشقا ئىلاھ بولمىغان الله بىلەن قەسەمكى، بۇ ئايەتتە دېيىلگىنى ھەرۇرىيەلەردۇر» دەيتتى. يەنى اللهقا بەرگەن ئەھدىسىنى مۇستەھكەم ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى بۇزىدىغان ۋە الله ئۇلاشقا بۇيرۇغان سىلە ـ رەھىمنى ئۈزىدىغان، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كىشىلەر دەل مۇشۇ كىشىلەر (يەنى خاۋارىجلار)دۇر].

خاۋارىجلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئالامەتلىرىنىڭ يەنە بىرى شۇكى، ئۇلار ئەھدىلەرگە رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى بۇزماسلىق ياكى ئەھدىلەرگە خىيانەت قىلماسلىقنى «خىيانەت»، «دىندىكى، ئېسىلىقتىكى ۋە ئەركەكلىكتىكى نۇقسان» دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداقلا «سۆكۈلۈشكە تېگىشلىك ئىش»، «پىكرىي جەھەتتىكى ئەركەك ـ چىشىلىق (يەنى ئايال كىشى مىجەزلىك)» ۋە «كاپىرغا ياردەم بەرگەنلىك» دەپ قارايدۇ. ئۇلار: «مانا بۇ ئەھدىلەرگە ۋاپا قىلىش جىھادىمىزغا ۋە جىھادىمىزنىڭ تەلەپلىرىگە زىت كېلىدۇ» دەپ قارىشىدۇ. (الله تعالى بىزنى ئۇلارنىڭ رەزىللىكىدىن ۋە بۇ يامان ئەخلاقلىرىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!)

ھالبۇكى، سەھىھ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەھدىگە خىيانەت قىلغۇچى كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى بىر بايراق تىكلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن <مانا بۇ پالانىنىڭ بالىسى پالانىنىڭ خىيانىتى> دەپ قارىلىدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشىنىڭ قېنىغا ئامانلىق بېرىپ، ئاندىن ئۆزى ئامانلىق بەرگەن كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، مەن ئۆلتۈرگەن كىشىدىن ئادا ـ جۇدامەن، گەرچە ئۆلتۈرۈلگەن كىشى كاپىر بولغان تەقدىردىمۇ» (ئىمام نەسائى ۋە باشقىلار نەقىل قىلغان. «سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى» 440 ـ ھەدىس).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەھدە تۈزۈشكەن بىر جان ئىگىسىنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا، الله ئۇ كىشىگە جەننەتنى ۋە جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراشنى ھارام قىلدى» («صحيح سنن النسائي» 4423 ـ نومۇرلۇق ھەدىس).

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر كىشى يەنە بىر كىشىدىن خاتىرجەم بولغان بولسا، ئاندىن ئۇ كىشى شۇ خاتىرجەم بولغان كىشى (يەنى ئۆزىدىن خاتىرجەم بولغان كىشى)نى ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئۆلتۈرگۈچى كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى خىيانەتنىڭ بايرىقى تىكلىنىدۇ» (ئىمام ھاكىم نەقىل قىلغان. «صحيح جامع» 356 ـ ھەدىس).



## سەبىيلەر سەھىپىسى

1. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى قېنى كىم تېز ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

غىڭ ـ غىڭ قىلىپ يىغلايدۇ،
قونسا قاننى شورايدۇ.

2. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىپ بېقىڭ!

ئاپئاق، ئاپئاق، ئاپئاق تاش،
تۆت بۇرجەكلىك چاقماق تاش.
چىشقا باسساڭ قاتتىق تاش،
چايغا سالساڭ تاتلىق تاش.

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. سۈپۈرگە.
2. ئانار.





# ئىسلام ۋە بۈگۈنكى دۇنيا




## سىياسىي ئىسلامچىلارنىڭ تەجرىبىلىرى

كۆپلىگەن ئەرەب دىيارلىرىدىكى ئىش تاشلاش، كوللېكتىپ ئىسيان كۆتۈرۈش، قوزغىلاڭ ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىسىم شەكىللىرىدىن ئىبارەت مۇئەييەن شارائىتلار ئاستىدا، شۇ جاينىڭ ھەقىقىي ھوقۇق ئىگىلىرى يۇمشاق مەنپەئەتلەر ھەققىدە مۇئەييەن «چۈشۈپ بېرىش»لەرنى تەقدىم قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىسلامىي جامائەتلەر نۇرغۇن قېتىملاپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان شەھەرباشلىق سايلىمى، پارلامېنتتىن كۆپ ئورۇن ئېلىش، مىنىستىرلىقلار ۋە دۆلەت رەئىسى بولۇش قاتارلىق ھوقۇقلارغا ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن ۋەزىيەت تىنجىپ، بىسىم سەل بوشاش بىلەنلا، سوندۇرۇش تەس بولغان ھوقۇقلارنىڭ (يەنى قاتتىق مەنپەئەتلەرنىڭ) ئىگىلىرى ھېلىقى قوزغىلاڭچىلارغا ئۆرۈلۈپ، ئۆزى چۈشۈپ بەرگەن مانا بۇ «سەۋزە» (يەنى يۇمشاق مەنپەئەت)لەرنى ئۇلاردىن تارتىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى تاياق بىلەن ھەيدەش مۇئامىلىسىگە قايتىۋالىدۇ-دە، ھېلىقى رەئىسنى ۋە كۆپ ئورۇنغا ئېرىشكەن پارلامېنت ئەزالىرىنى تۈرمىلەرگە تاشلاپ ۋەھشىيلەرچە ئازابلايدۇ.

ئەرەب-مەغرىب ئىتتىپاقى تەتقىقات جەمئىيىتى ئاچقان يىغىندا، تۇنىس ئىسلام ئويغىنىش پارتىيىسىنىڭ داھىيسى راشىد غەننۇشى «ھوقۇقلار ئىچىدىكى ھەقىقىي ھوقۇق (يەنى قاتتىق مەنپەئەت) قايسى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەكلىي ھوقۇق (يەنى يۇمشاق مەنپەئەت) قايسى؟» دېگەن بۇ ئىككى نەرسىنىڭ ئارىسىنى پەرق ئېتەلمىگەنلىك خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بۇ يىغىنغا ئەينى چاغدا گېرمانىيە ھانىس زايدىل جەمئىيىتىمۇ ئىشتىراك قىلغان. بۇ يىغىنىنىڭ نامى «رېئاللىق بىلەن ئارزۇ ئوتتۇرىسىدىكى غەرب ۋە شەرق مۇناسىۋەتلىرى» دەپ ئاتالغان. غەننۇشى ئۆز سۆزىدە: «بىز ھوقۇقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئالغان ۋاقتىمىزدا خاتا مۆلچەر بىلەن ئاپتىمىز. يەنى بىز كۆپ سانلىقتا ئېرىشتۇق دېگىنىمىز بىلەن بىزنى سۈپۈرۈۋېتەلەيدىغان ئاز سانلىق سەرخىللارنىڭ ۋەزنىگە سەل قاراپتىمىز» دېدى. ئۇ يەنە: «مۇرسىنى سايلىغان 51% كىشىلەر كۈچ-قۇۋۋەت ۋە سالمىقىدىن ئايرىلغانلار ئىكەن. مۇرسىيغا ئۆكتە قويىقان 49% كىشى بولسا قاتتىق كۈچ (يەنى مال، تەشۋىقات، ئەدلىيە، ساقچى، ئارمىيە، ئىقتىساد، ئەدەبىيات-سەنئەت، نوپۇز ئىگىلىرى قاتارلىق يوقىمايدىغان قاتتىق مەنپەئەت)كە تولغانلار ئىكەن» دېگەنىنىمۇ قوشۇپ قويىدى.

## قوراللىق ھەرىكەت جامائەتلىرى

چەتئەل كۈچلىرىگە ۋاكالەتچىلىك قىلىدىغان يەرلىك مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەر تەقدىم قىلغان «چۈشۈپ بېرىش»لەر سىياسىي ھەرىكەت جامائەتلىرىگىلا قارىتىلماستىن بەلكى قوراللىق جىھادىي جامائەتلەرنىڭ بەزىلىرىگە ھەم قارىتىلغاندۇر. شۇنىڭدەك، خەلقئارا جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەتلەرنىڭ تاكتىكىلىق «چۈشۈپ بېرىش»لىرى ئۆزىنىڭ سىياسىي نوپۇزى ئاستىدىكى بەزى يۇمشاق ساھەلەرگىلا قارىتىلماستىن بەلكى بەزىبىر زېمىنلاردىن چۈشۈپ بېرىش ھەتتاكى ماددىي جەھەتتە ياردەم قىلىش دېگەندەك ساھەلەرگىمۇ قارىتىلغاندۇر.

مۇستەبىت ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئارمىيىلىرى قوراللىق جامائەتلەرنى مەلۇم تۈردىكى جەڭلەرگە ۋە چەكلىك ئۇرۇش مەيدانلىرىغا سۆرەپ كىرىش ئۈچۈن قوراللىق ئىنقىلاب بولۇۋاتقان يۇرتلاردىكى بەزى شەھەرلەردىن ئەسكەر چېكىندۇرىدۇ. قوراللىق جامائەتلەر مانا بۇ «سۆرەپ كىرىش»نىڭ ئارقىسىدا چېپىپ يۈرۈپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنى قانسىرىتىۋاتقان پارتىزانلىق ئۇرۇشلىرىدىن ئۇچۇقچىلىقتا جەڭ قىلىش ۋە مۇنتىزىم جەڭ قىلىش ھالىتىگە يۆتكىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى بولسا جەڭدە كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قورال‍لاندۇرۇشنىڭ پەرقى بولۇشى ئۈچۈندۇر.

روبېرت گىرىنىنىڭ «ئىشخال قىلىۋېلىش قائىدىلىرى» ناملىق كىتابىدا: «يېقىن مەنپەئەتتىن خۇشال بولۇپ كېتىش يىراق خەتەرلەرنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ» دېيىلگەن. بۇ ۋاقىتتا «يۇمشاق مەنپەئەت» بولغان يۇرتلار ئۆزلىرىنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ بېشىغا يىقىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن يۇرتلار ئەسلىدىكى ھاكىمىيەتلەرنىڭ قوينىغا قايتىدۇ. لېكىن بۇ ئىش كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتى سۇنۇپ، ئىنقىلابچىلارنىڭ ئۈيۈشۈش ۋە ئەسكەرلىككە تويلىنىش كۈچى زەئىپلەشكەندىن كېيىن ئىشقا ئاشىدۇ. سامۇئېل خانتىڭتون «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «تارتقان زىيانلار 100 مىڭ ھەتتاكى مىليونغا يەتكەندە ۋە مۇساپىرلارنىڭ سانى مىليونغا يەتكەندە ھەممىدە بېيرۇت، گروزنى ۋە فوكوفارغا ئوخشىغان يۇرتلار خارابىلىككە ئايلانغاندا، كىشىلەر: <... ساراڭلىق... ساراڭلىق... بولدى يېتەر... بولدى يېتەر...!!> دەپ ۋارقىراپ-جارقىراشقا باشلايدۇ».

شۇنداقلا ئىسلامىي جامائەتلەر پۈتۈن قاتلاملار بويىچە خەلقئارالىق لوكچەك دۆلەتلەردىن سىياسىي ياكى ماددىي جەھەتلەردە قوللاشقا ئېرىشىش ئارقىلىق ئۆزىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە بولغان نامى (يەنى ئىشەنچىسى)نى قۇربان قىلىۋېتىدۇ. روبېرت گىرىن «ئۇرۇش ئىستراتېگىيىسى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ئىشەنچ ماركىسى بولغان نام-ئابرۇينى ئىنتايىن دىققەت بىلەن ياسىشىڭ (تۇرغۇزۇشۇڭ) ۋە ئۇنى قوغدىشىڭ ھەممىدە دائىما ئۇنىڭغا قىلىنغان ھەرقانداق ھۇجۇملارنى چېكىندۇرۇشۇڭ كېرەك». پەقەت نۇرغۇن قانلار ۋە نەچچە ئون يىللار تۈرمىلەردە يېتىپ، ۋەھشىيلەرچە قىينىلىش قۇربانلىقلىرى سەۋەبلىكلا (بەدىلىگە) كۆپچىلىك خەلق ئاممىسىنىڭ زېھنىدە ئاران سىزىلغان ئىسلامىي جامائەتلەرنىڭ نۇرلۇق سىماسى ئازغىنە ماددىي ياردەم ياكى سىياسىي ياردەم سەۋەبلىك سەتلەشتۈرۈۋېتىلىدۇ. بۇ جامائەتلەر ئۆزلىرىنىڭ قاتتىق مەنپەئەتى بولغان ئىشەنچ ماركىسى (يەنى نام-ئابرۇيى) دىن زىيان تارتىپ بولغاندىن كېيىن، يۇمشاق مەنپەئەت بولغان سىياسىي جەھەتتە قوللاشلار توختىتىلىدۇ ۋە ماددىي جەھەتتىكى ياردەملەر ئۈزۈلىدۇ.



## پىرىملاشقان ئۆزىنى ھالاك قىلىش ئىنقىلابى

مۇرسىنى سايلىغان 51% سايلىغۇچىلار ئەمەلىيەتتە غەننۇشى ئېيتقاندەك كۈچ-قۇۋۋەتتىن ئايرىلغانلار ئەمەس ئىدى. ئۇ سايلىغۇچىلارنى كۈچ-قۇۋۋەتتىن ئايرىپ قويغانلار بولسا پەقەت پىرىم يولدا توختىۋېلىشقا ۋە مەيدانلارنى نامايىشلاردىن بوشىتىشقا رازى بولغان ھەممىدە بىر ياكى ئىككى ھوقۇقنى يىغىتىشقا رازى بولۇپ، قالغان ھوقۇقلارنى ئۆز پېتى قويۇپ قويغان ۋە شۇ ھوقۇقلارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ قوللىرىغا قوللىرىنى قويغان كىشىلەر ئىدى. بۇ يەردىكى مەسىلە مۇرسىنى قوللايدىغان ئادەملەر توپىدىكى مەسىلە بولماستىن بەلكى كىمگە قارشى ئىنقىلاب قىلىپ چىققانلىقىنى بىلمەيدىغان «سەرخىللار»نىڭ مەسىلىسىدۇر. دەرۋەقە، بىسىم پەسەيگەندىن كېيىن ھەقىقىي ھوقۇق (يەنى قاتتىق مەنپەئەت)نىڭ ئىگىلىرى مۇرسىيلارغا چۈشۈپ بەرگەن يۇمشاق مەنپەئەتلەر (يەنى ئۆزگىرىشچان، شەكلىي ھوقۇقلار)نى قايتۇرۇۋالدى ھەممىدە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى تۈرمىگە تاشلىنىش بىلەن يەكۈنلەندى.



# ئەسكىرىي تەلىم



## رازۋېدكا

### رازۋېدكىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىككىنچى مۇھىم قائىدىلەر

### بىخەتەر ۋە يوشۇرۇن بولۇش.

رازۋېدكىدىكى «بىخەتەر بولۇش» دېگىنىمىز — جاپا-مۇشەققەتتى كۆپ، ۋاقتى ئۇزۇن، مۇساپىسى يىراق، كۆپ سەۋر تەلەپ قىلىدىغان بولسىمۇ، ئامال بار چوقۇم بىخەتەر لىنىيىنى تاللاش، يەڭگىلتەكلىك ياكى قارىغۇلارچە قەھرىمانلىقتا ئىشىنىپ، خەتەرلىك بولسىمۇ ئاسان ۋە يېقىن لىنىيىنى تاللىماسلىق دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن، دۈشمەننى رازۋېدكا قىلىشقا كىرىشتە ئىككى يول بار. بىرى، ئاسان يول. بۇ يولدىن ماڭساق تېز كىرىپ-چىقالايمىز، كىرىپ-چىقىشتا دۈشمەن كۆرۈپ قالماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەگەر كۆرۈپ قالسا، بۇ يولغا دۈشمەن تەرەپ-تەرەپتىن ياخشى ئوق ئاتالايدۇ. يەنە بىر يول بار. مۇساپىسى يىراق، كىرىپ-چىقىشقا ۋاقىت كۆپ كېتىدۇ، لېكىن بۇ يولدىن ماڭساق دۈشمەن كۆرۈپ قالغان تەقدىردىمۇ ئوقى يەتمەيدۇ ياكى مۇداپىئەلىنىدىغان يەرلىرى كۆپ (يەنى ھېلىقى ئاسان يولغا قارىغاندا بىخەتەر). بىزگە بۇنداق تاللاش كېلىپ قالسا، گەرچە خەتەرلىك يولدا دۈشمەننىڭ بىزنى كۆرۈپ قېلىش ئېھتىماللىقى ناھايىتى تۆۋەن بولغان تەقدىردىمۇ چوقۇم بىخەتەر يولنى تاللىشىمىز كېرەك. ھەرگىزمۇ «بۇگۈن چارچاپ كەتتۇق، تېز كىرىپ تېز چىقايلى، ئالدىنقى نۆۋەت ماڭغاندىمۇ كۆرمىگەنتى، ئىيمانچە قورقىمىز، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ ماڭايلى» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئاسان يولنى تاللىماسلىقىمىز لازىم.

ئۇستازىمىزنىڭ مۇشۇ ھەقتە قىلغان نەسىھىتى: «ئەگەر مۇشۇنداق تاللاشلارغا توغرا كېلىپ قالساڭلار، تەس بولسىمۇ بىخەتەر يولنى تاللاڭلار. ئەگەر مەسئۇللار ياكى باشقا <شجائەتلىك> بۇرادەرلەر تەرىپىدىن <خەتەرلىك بولسىمۇ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ مۇشۇ يولدىن ماڭىمىز> دېگەندەك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلسىمۇ بۇنىڭغا يول قويماڭلار. سەۋەبنى تۇتمايلا <تەۋەككۇل قىلىمىز> دەپ كىرىپ، كېيىن قېچىپ چىقىدىغان ئىشلار بولىدۇ. چۈنكى قەلبلەر ئاللاھنىڭ قولىدا. سەۋەبنى تولۇق تۇتمىغانلىقىمىز تۈپەيلىدىن ئاللاھ خالىسا قورقۇنچ سېلىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىز سەۋەبلەرنى قولىمىزدىن كېلىشىچە تۇتۇپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلساق، ئاللاھ قەلبلىرىمىزدىكى قورقۇنچنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، قەدەملىرىمىزنى سابىت قىلىدۇ (إن شاء الله)».

بۇ دېگەنلىك «خەتەرلىك بولسا رازۋېدكا ۋە باشقا ئەمەلىيەتلەرنى قىلمايمىز» دېگەنلىك ئەمەس. بۇ يەردىكى نېگىزلىك مەسىلە شۇكى، ئەڭ زور تىرىشچانلىقنى كۆرسىتىپ، قانداقلا بولمىسۇن بىخەتەر لىنىيىنى تاللاپ، ئادەم ۋە ماددىي چىقىمنى ئەڭ زور ئىمكانىيەتتە ئازايتىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىرلا يول بولۇپ، پەقەت شۇ يولدىنلا كىرىپ رازۋېدكا قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالساق، بۇ ھالدا قولىمىزدىن كېلىشىچە سەۋەب تەدبىرلىرىنى تۇتۇپ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز.

يوشۇرۇن بولۇش دېگىنىمىز — رازۋېدكىغا ماڭغاندا بىز كىرمەكچى بولغان ئورۇننىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا قاراپ يەر شەكلى ۋە رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇپ كىيىنىش. مەسىلەن، بېشىمىز، يۈزىمىز، گەۋدە قىسمىمىز، پۇتىمىز ھەتتا جۆبۇ-سومكىلارنىمۇ مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. ئامال بولسا قورالنىمۇ ماسلاشتۇرۇۋالساق ياخشى. (1-رەسىمگە قاراڭ)

رەڭگىمىزنىلا ئۆزگەرتمەستىن، دەرەخنىڭ شاخلىرى ياكى ئوت-چۆپلەر بىلەن ئۆزىمىزنى ئوراپ، بىر قاراپلا ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىدە جىسمىمىزنىڭ شەكلىنى ھەم ئۆزگەرتىمىز.

ئەسكەرتىش: دەرەخ شاخلىرىنى ئورىغاندا، شاخلارنىڭ ئېگىزلىكىنى بېشىمىزنىڭ ئېگىزلىكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكىمىز كېرەك. (2-رەسىمگە قاراڭ)

### رازۋېدچىك بولۇشنىڭ شەرتى:

رازۋېدچىكنىڭ كۆزى ياخشى كۆرۈشى، قۇلىقى ياخشى ئاڭلىشى ۋە بۇرنى سەزگۈر بولۇشى، كۆرگەن نەرسىلىرىنى ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى ئۈستۈن بولۇشى ۋە ئىزنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى (يەنى ئىزغا قاراپ قانچە ئادەم ماڭدى، ئۇلارنىڭ يۈكى ئېغىرمۇ-يەڭگىلمۇ؟ دېگەندەك ئۇچۇرلارنى بىلەلەيدىغان بولۇشى) كېرەك. ئۇندىن باشقا، ئەقىللىق، جەسۇر، پىكىرلىك، تەدبىرلىك، ھەربىي تاكتىكا ۋە جەڭ تەدبىرلىرىنى بىلىشى، چاققان، سەۋرلىك بولۇشى، يەر شارائىتىغا مۇۋاپىق كىيىنگەن بولۇشى لازىم. مانا بۇلار — رازۋېدچىكلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسلىق شەرتلەردۇر.

مىسال، بىز رازۋېدكىغا ماڭدۇق. يولدا بىزگە تاماكا، تاماق يەنە باشقا نەرسىلەرنىڭ پۇراقلىرى كەلدى. بىز بۇنىڭدىن يېقىن ئەتراپتا دۈشمەن بارلىقىنى ياكى بۇ يەردىن

(ئاخىرى 4-بەتتە)


1-رەسىم

(بېشى 3- بەتتە)

يېقىندا دۈشمەن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى پەرەز قىلالايمىز. ئەگەر بۇرنىمىز سەزگۈر بولمىسا بۇلارنى بىلەلمەيمىز.

بۇ شەرتلەر ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىكتا بەكرەك تېپىلىشى كېرەك. رازۋېدكا گۇرۇپپىسى ئارمىيىنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقىنىڭ ئورنىدا تۇرغىنىدەك، ئىككى ئاساسلىق رازۋېدچىكمۇ رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇستازىمىزنىڭ رازۋېدكىدا ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش، ئادەتتىكى نەرسىلەرگىمۇ سەل قارىماسلىق ۋە خەتەرلىك ئورۇنغا ھەممەيلەن بىراقلا كىرىپ كەتمەسلىك توغرىسىدا قىلغان سۆزى: «مەن رازۋېدكا گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمىرى بولۇپ، بىر گۇرۇپپا رازۋېدكىغا ماڭدۇق. ئورمانلىقنى تەكشۈرۈپ كېتىۋاتاتتۇق، تاماكىنىڭ ھىدى كەلدى، بىز: <ئورمانلىقتا ئوتۇن كەسكىلى كەلگەنلەر ياكى باشقا خەلقلەر چەككەن تاماكىنىڭ پۇرىقىدۇ> دەپ ئويلاپ ئالدىمىزغا مېڭىۋەردۇق. ئەسلى دۈشمەن بىزنى پىستىرمىدا كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ پۇراقمۇ دۈشمەن چەككەن تاماكىدىن كەلگەن ئىكەن. دۈشمەن تۇيۇقسىز بىزنى ئوققا تۇتتى. دۈشمەن بىلەن بولغان ئارىلىقىمىز قول بومبىسى يەتكۇدەكلا مۇساپە بولۇپ، بىزنىڭ سانىمىز ئون نەچچە، دۈشمەننىڭ سانى تەخمىنەن 50 ئەتراپىدا ئىدى. پىستىرمىغا چۈشكەنلىكىمىزنى بىلگىنىمىزدە سەپلىرىمىز قالايمىقانلىشىپ كەتتى. <ئەگەر پىستىرما بولۇپ قالسا ھەممىمىز چۈشۈپ قالمايلى> دەپ گۇرۇپپىدىكىلەرنىڭ يېرىمى ئارقىمىزدا ئارىلىق تاشلاپ قالغان ئىدى. جىددىيچىلىكتە ئۆلارمۇ نېمە قىلارنى بىلەلمەي خەتەرلىك دائىرىگە كىرىپ قاپتۇ. مەن مۇخابىراتتا: <بۇرادەرلەر، ئىلگىرىلەڭلار! دۈشمەننى تىرىك تۇتىمىز!> دەپ ۋارقىراپ، دۈشمەنگە ئوق ئاتقاچ، بۇرادەرلەرگە چېكىنىشكە ئىشارەت قىلىشقا باشلىدىم. لېكىن بەزى بۇرادەرلەر ئىشارىتىمگە بەك دىققەت قىلمىدى. شۇ ئەسنادا پىلىموت ئاتقۇچىمىز دۈشمەننىڭ قول بومبىسىدا شەھىد بولدى، قەنناس ئاتقۇچى ياردار بولدى. ئارقىمىزدا پىستىرما دائىرىسىگە كىرمەي قالغان ئىككى بۇرادىرىمىز قايتىكەن، بۇلار دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ ئوق ئاتتى. اللهنىڭ دۈشمەن قەلبىگە قورقۇنچ سېلىپ بېرىشى، بۇ ئىككى بۇرادەرنىڭ دۈشمەننىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ ئوق ئېتىشى سەۋەبلىك دۈشمەنلەر <راستىنلا قورشاۋدا قاپتۇق> دەپ ئويلاپ چېكىندى. بىر بۇرادىرىمىز شەھىد بولۇپ، قالغانلىرىمىز چېكىنىپ چىقتۇق. بىزنىڭ بۇ پىستىرمىغا چۈشۈپ قېلىشىمىزغا تاماكا پۇرىقىغا سەل قارىغانلىقىمىز ۋە ئۇنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ، جىددىي مۇئامىلە قىلمىغانلىقىمىز سەۋەب بولدى. بۇرادەرلەر ھەرقانداق ۋاقىتتا، بولۇپمۇ جەڭ ھالىتىدىكى جىددىي ۋاقىتلاردا ئەمىرگە ھەرۋاقىت دىققەت قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. پىستىرمىدىن ئۆز ۋاقتىدا چېكىنىپ چىقىپ كېتەلمەي بۇرادىرىمىزنىڭ شەھىد بولۇشىغا، بەزى بۇرادەرلەرنىڭ ئىشارىتىمگە دىققەت قىلمىغانلىقى سەۋەب بولدى. خەتەرلىك ۋە گۇمانلىق ئورۇنلاردىن ماڭغاندا ھەممىمىز بىراقلا كىرىپ كەتمەي، ئېھتىيات ئۈچۈن بىر تۆركۈم بۇرادەرلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ قويۇشىمىز كېرەك. بۇنداق بولغاندا، ئەگەر دۈشمەننىڭ پىستىرمىسىغا چۈشۈپ قالساق، ئارقىمىزدىكى بۇرادەرلەر دۈشمەنگە ئوق ئېتىپ بىزنى مۇداپىئە قىلىپ بىرەلەيدۇ. ئەگەر ھەممىمىز تەڭلا پىستىرمىغا چۈشۈپ قالساق، ھەممىمىز ئۆزىمىز بىلەن بولۇپ باشقىلارنى مۇداپىئە قىلالمايمىز».

ئەسكەرتىش: بۇ پۇراش قابىلىيىتىدىن بىز پايدىلانغاندەك دۈشمەن ھەم پايدىلىنىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن رازۋېدچىكلار رازۋېدكىغا ماڭغاندا ئەتىر دېگەندەك پۇراقلىق نەرسىلەرنى ئىشلەتمەسلىكى ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك.

رازۋېدچىك (بەلكى ھەربىر مۇجاھىد) ئۆزىنىڭ دۈشمىنىنى ياخشى چۈشىنىشى كېرەك. دۈشمەن قانداق مۇداپىئەلىنىدۇ، مۇداپىئەنى نېمىدىن ياسايدۇ، قانداق ئورۇنلارغا ياسايدۇ، دۈشمەننىڭ جەڭ قىلىش ئۇسلۇبى قانداق، قانچىلىك ئىش قىلالايدۇ، بىزدىن ئۈستۈن تەرەپلىرى ياكى ئاجىز تەرەپلىرى قايسى؟ دېگەندەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئەقىل ئىشلىتىپ ھەرىكەت قىلىشى كېرەك.

مەسىلەن، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەنى قانداق ئورۇنغا، قانداق ياسايدىغانلىقىنى بىلىۋالساق، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىرىنى تېپىشتا قىينالمايمىز؛ دۈشمەننىڭ ھۇجۇم قىلىش ئۇسلۇبىنى بىلىۋالساق، دۈشمەن ئىلگىرىلەپ چىققاندا شۇنىڭغا قارشى ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنالايمىز.

دۈشمەننىڭ مۇداپىئەنى قانداق ئورۇنلارغا ياسايدىغانلىقىنى قانداق بىلەلەيمىز؟ بۇنىڭ ئۈچۈن «ئەگەر دۈشمەن تۇرغان ئورۇندا مەن بولغان بولسام مۇداپىئەنى قەيەرگە ئورۇنلاشتۇراتتىم، قەيەردە تۇرسام دۈشمەننىڭ كەلگىنىنى ياخشى كۆزىتەلەيتتىم» دەپ پىكىر قىلىپ بىلەلەيمىز ياكى فەتىھ بولغان ئورۇنلاردىكى دۈشمەننىڭ مۇداپىئەلىرىنى تەتقىق قىلىمىز. «بۇ كاپىرلار مۇشۇنداق يەرلەردە تۇرۇپتىكەن-دە» دەپ قاراپلا قويماي، شۇ مۇداپىئەدە تۇرۇپ كۆزىتىپ باقىمىز، يەنى «دۈشمەن نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە مۇداپىئە ياسىغاندۇ؟ نېمىشقا بۇنداق ياسىغاندۇ؟» دەپ ئەقىل يۈرگۈزسەك، دۈشمەننىڭ مۇداپىئەنى قانداق ئورۇنلارغا ياسايدىغانلىقى بىزگە مەلۇم بولىدۇ.

مۆئمىن ئەقىللىق بولىدۇ. دۈشمەن ھەققىدە پىكىر قىلىشنى رازۋېدچىكقىلا باغلاپ قويماي ئۆزىمىز ھەم بۇ ھەقتە پىكىر قىلىپ دۈشمەننىڭ ئاجىزلىقىنى تېپىشىمىز ۋە دۈشمەنگە مىكىر قىلىپ ئويلىمىغان يەرلەردىن ھۇجۇم قىلىشىمىز، دۈشمەننىڭ ھەم ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماي، ئىنساننىڭ ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى ئويلاپ پىكىر قىلىپ شۇنىڭغا قارشى تەدبىر پىلانلىشىمىز كېرەك. مەسىلەن، بىز كېچىدە رىباتتا تۇرۇۋاتىمىز. بەش-ئون مېتىر ئارىلىقنىمۇ ياخشى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئالدىمىزدىن شەپە چىقىۋاتىدۇ، دۈشمەن چىقتىمۇ ياكى ھايۋان ماڭدىمۇ؟ بىلەلمىدۇق. مۇداپىئەدىن چىقىپ ئالدىغا بېرىپ كۆزىتەيلى دېسەك، ئەگەر دۈشمەن بولۇپ قالسا خەتەرلىك. بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئويغىتايلى دېسەك، دۈشمەن بولماي ھايۋان بولۇپ قالسا، ئۇلارنى بىكار ئاۋارە قىلىمىز. بۇ ئەھۋالدا قانداق قىلىمىز؟ شەپە چىققان تەرەپكە مۇداپىئەدە تۇرۇپ تاش ئېتىپ باقىمىز ياكى قورالنىڭ قۇلۇپىنى قەستەن ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىپ باقىمىز ۋە ياكى قۇرغۇنى تارتىپ ئاۋاز چىقىرىمىز، دۈشمەن بار-يوقلىقى تېزلا ئاشكارا بولىدۇ.

ئويلاپ باقايلى! ئەگەر بىز دۈشمەننىڭ مۇداپىئەسىگە كېچىدە يېقىنلاشساق، دۈشمەن تەرەپتىن بىز تەرەپكە تاش ئېتىلسا بىز نېمە دەپ ئويلايمىز؟ ئەگەر قورالنىڭ قۇلۇپى ئېچىلسا ياكى قۇرۇلسا بىز قانداق قىلارمىز؟ دەرۋەقە، «دۈشمەن بىزنى كۆرۈپ قاپتۇ» دەپ ئوق چىقىرىۋېتىشىمىز مۇمكىن. بىزنىڭ خىيالىمىزغا كەلگەن شۇ تۇيغۇ، قورقۇنچلار دۈشمەندىمۇ بولىدۇ. ئەگەر راستىنلا دۈشمەن ئىلگىرىلەپ چىققان بولسا، بىز يۇقۇرىدىكىدەك قىلساق، دۈشمەن ئوق چىقىرىدۇ، بىزمۇ شۇنىڭغا قارىتا ئىش قىلىمىز. ئەگەر دۈشمەن بولمىسا خاتىرجەم ئولتۇرىمىز، بۇ ھەممەيلەن بىلىدىغان ئاددىي بىر كىچىك ھىيلىنىڭ مىسالى. مۇشۇ كىچىك ھىيلىنى ئىشلەتمىسەك، ئالدىمىزدىكى ھايۋان بولۇپ قالسا، بىكاردىن ئەندىشە قىلىپ «دۈشمەن قاچان چىقىپ قالار» دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرىمىز ياكى بۇرادەرلەرنى ئويغىتىپ جىددىيلەشتۈرۈۋېتىمىز. ئەگەردە ئالدىمىزدىكى دۈشمەن بولۇپ قالسا، نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي مۇداپىئەيىمىزدە ئولتۇرۇۋەرسەك، بۇ — خەتەرلىك. ئەگەر بىزنى شەھىد قىلىۋەتسە، بۇرادەرلەر ئويغىنىپ چىقىپ بولغىچە مۇداپىئە ئورنىمىزنى دۈشمەن ئىگىلەپ بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر مۇداپىئەدىن چىقىپ ئالدىغا بېرىپ كۆزىتىپ باقايلى دېسەك تېخىمۇ خەتەر، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز جىھاد ئىبادىتىنى دۈشمەنگە قارشى ھىيلە-تاكتىكىلارنى ئىشلىتىپ تۇرۇپ، تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇپ ئادا قىلساق إن شاء الله ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. دۈشمەن ھەم بىزگە ئوخشاش ئىنسان. بىز پەقەت مۇسۇلمان ياكى كاپىر دەپلا پەرقلىنىمىز. دۈشمەننىڭ ھەم ئىنسان بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، دۈشمەنگە قارشى ھىيلە ۋە جەڭ تاكتىكىلىرىنى ئويلاپ چىقساق بولىدۇ.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)


2 - رەسىم

# جىھاد چەشمىلىرى

■ ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىنىڭ 10- ۋە 11- ئايلار ئىچىدە ئېلىپ بارغان ئەمەلىيەتلىرىنىڭ نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

جەمئىي 2098 قېتىم ئەمەلىيەت ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، بەش قېتىم پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى قىلىنغان؛ تاجاۋۇزچى ئەسكەردىن 58 نەپىرى ئۆلۈپ، 45 نەپىرى يارىلانغان؛ ئافغان مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 4097 نەپىرى ئۆلۈپ، 2334 نەپىرى يارىلانغان؛ تۆت دانە تىككۇچار ئايروپىلان ۋە تۆت دانە جاسۇس ئايروپىلان ئېتىپ چۈشۈرۈلگەن؛ 652 دانە ئەسكىرىي ماشىنا ۋەيران قىلىنغان؛ 101 دانە ئەسكىرىي ماشىنا غەنىيمەت ئېلىنغان؛ 2204 نەپەر ئافغان ئەسكىرى ۋە ساقچىلىرى ئىمارەت مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 12- ئاينىڭ 6- كۈنى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى جانخىل رايونىدا تۆت نەپەر ئافغان ئەسكىرى ئىمارەت مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

■ 12- ئاينىڭ 6- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇنىڭ تىبنانى رايونىدا مىنا ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، «12- ئاپرېل بىرگادىسى»نىڭ ئەسكىرىي قوماندانى ئادىن دىرى ۋە مۇئاۋىن گېنېرال ئابدىئەلى جامامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 9- كۈنى تاجاۋۇزچى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى تەشكىللىگەن «قۇۋۋەت ھازىم ئەممىنى» قوشۇنى يەمەننىڭ ئەبيان ۋىلايىتى فاتھان رايونىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، تۆت سائەت جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە، مۇجاھىدلار اللهنىڭ ياردىمى، ئۇندىن قالسا سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ ۋە يارىلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئارقىغا چېكىندۇرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 11- كۈنى ئافغانىستاننىڭ كابۇل ۋىلايىتىنىڭ باغمەن رايونىدا ئىمارەت مۇجاھىدلىرىدىن مۇھەممەد كامران ئىسىملىك بىر پىدائىي قېرىندىشىمىز ئامېرىكا ۋە مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارىتا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، 23 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئۇندىن باشقا، ئۈچ دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىنى ۋەيران قىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى فەراھ ۋىلايىتىنىڭ شابكوھ رايونىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، بۇ رايوننى مۇكەممەل فەتىھ قىلغان.

■ 12- ئاينىڭ 13- كۈنى بىر نەپەر پەلەستىنلىك مۇجاھىد قېرىندىشىمىز تاجاۋۇزچى يەھۇدىي كۆچمەنلىرى ئولتۇراقلاشقان ئۇرفا رايونى ئەتراپىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئىككى نەپەر يەھۇدىي ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 13- كۈنى ھافىزتىن تور بېتى تارقاتقان خەۋەردە ئېيتىلىشىچە: «ئامېرىكىنىڭ تېنىسسي شتاتىدىكى بىر ئالىي مەكتەپتە، مەكتەپ خادىملىرى لىندى ماكاۋۇن ئىسىملىك بىر ياش مۇسۇلمان قىزنى ھىجاب كىيگەنلىك سەۋەبىدىن مەكتەپتىن قوغلىۋەتكەن. مەكتەپ خادىملىرى ئۇنىڭ ھىجابىنى <مەكتەپنىڭ فورما كىيىش نىزامىغا خىلاپ> دېگەن. لىندى گەرچە مەكتەپ مۇدىرلىرىغا: <ھىجاب دىنىي ئېتىقادقا تەۋە> دېسىمۇ يول قويمىغان».

■ 12- ئاينىڭ 14- كۈنى سۈرىيە مۇجاھىدلىرى ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى تەلمەممۇ نۇقتىسىغا ئىلگىرىلىمەكچى بولغان بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىنى باشقۇرۇلىدىغان راكېت بىلەن نىشانلاپ ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 12- ئاينىڭ 15- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ پايتەختى مۇقدىشۇدا ئەلى مۇختار ئىسىملىك مۇرتەد ھۆكۈمەتنىڭ بىر نەپەر پارلامېنت ئەزاسىنى ئۆلتۈرگەن.

■ 12- ئاينىڭ 7- كۈنىدىن 17- كۈنىگىچە بولغان 10 كۈن ئىچىدە، ئافغانىستاننىڭ بەلخ ۋىلايىتى چاربولاك رايونىدا 18 نەپەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئىمارەت مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ساقچى، ھەربىي ۋە ئىستىخبارات ئەمەلدارلىرى بار ئىكەن.

■ 12- ئاينىڭ 17- كۈنى ھىندونېزىيە ئۆلىمالار كومىتېتىنىڭ باشلىقى سىيامسۇددىن خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلارغا ئېلىپ بېرىۋاتقان زۇلۇملىرىنى قاتتىق تەنقىدلىگەن. ئۇستاز سىيامسۇددىننىڭ باياناتىدا، ئۇيغۇرلار تاجاۋۇزچى خىتاي تەرىپىدىن قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىنىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن توسۇلۇۋاتقانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ئۇ يەنە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى ئۇيغۇرلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشكە چاقىرغان. ئۇندىن باشقا، ھىندونېزىيىنىڭ پايتەختى جاكارتادىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمغا قارىتا نامايىش بولغان. نامايىشقا قاتناشقۇچىلار ئەلچىخانا ئىچىگە بۆسۈپ كىرمەكچى بولغاندا ساقچىلار تەرىپىدىن توسۇپ قېلىنغان.

■ 12- ئاينىڭ 19- كۈنى سۈرىيە مۇجاھىدلىرى ھاما ۋىلايىتىنىڭ ماسساسىنا يېزىسىغا ئىلگىرىلىمەكچى بولغان بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرىگە قارىتا پىستىرما ئەمەلىيىتى ئېلىپ بېرىپ، ئاز دېگەندە 30 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، 10 نەچچىسىنى يارىلاندۇرغان.

## ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىرىي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالیٰنىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته